# ئالمىلىق شەھىرى توغرىسىدا

قەدىمكى ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ بىرى— ئالمىلىق شەھىرىنىڭ توپونىمى ۋە ئۇنىڭ تارىختا تۇتقان ئورنى مەسىلىسىنى ئۆگىنىش بۈگۈنكى ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىدىكى ئىلمىنىڭ تەركىبىي قىسمىدۇر. چۈنكى ئۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆلىمى كەڭ، سودا، سانائەت، قول-ھۈنەرۋەنچىلىك، بېناكارلىق ۋە ئۆزگىچە خاس پەن- مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى ئىدى. شۇنداقلا ئۇ بىر نەچچە ئەسىر داۋامىدا بىر قانچە خانلىقلارنىڭ سىياسىي ھەم ئىجتىمائىي- ئىقتىسادىي ئاساسلىق ئىيۇلغان. مەسىلەن، تا 16- ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ قارلۇقلارنىڭ، قارا خىتايلار (كىدانلار) نىڭ، چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ (ئولۇش- 1. خەلق، ئەل؛ 2. يۇرت، مەملىكەت؛ 3. ئۇرۇغ، قەبىلە. تەھرىر) ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى موغۇل خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان ئىدى.

شەھەر نامىنىڭ ئالمىلىق دەپ ئاتىلىشى— شەھەر جايلاشقان ۋادىنىڭ ۋە ئۇنىڭ چار ئەتراپى ھەم شەھەر ئىچىنىڭ ئالمىلىق باغلارغا باياشلىقىدىن بولسا كېرەك، ئەلۋەتتە. ھەر قانداق بىر ئورۇننىڭ توپونىمى شۇ جاينىڭ تەبىئىي شارائىتلىرىدىن، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي- مەدەنىي مۇناسىۋەتلىرى ماھىيىتىدىن كېلىپ چىقىشى مەلۇم.

تارىخ ئەھلىگە ئايانكى، دۇنيانىڭ خېلىلا قىسمىنى ئىشغال قىلغان چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ ۋاپاتىدىن 3 يىل بۇرۇن، يەنى 1224- يىلى ئوز ئىلكىدىكى بارلىق زېمىنلارنى ئوغۇللىرىغا تەقسىم قىلىپ بەرگەن ئىدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىدىقۇت، ئالتاي ۋە تارباغاتايدىن باشقا تەۋەلىرى بىلەن ماۋارائۇننەھىر، ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئارىلىقى- ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي خانغا تەگكەن ئىدى. بۇ تارىخىي مەنبەلەردە «چاغاتاي ئۇلۇسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مانا موشۇ كەڭ زېمىننى ئىدارە قىلىدىغان مەمۇرىي مەركەز بۇنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى ھازىرقى قورغاس (چېلىجۇ) ناھىيەسىنىڭ دائىرىسىدىكى ئالمىلىق شەھىرى ئىدى.

تارىخچى ئالاۋىدىن ئاتامەلىك جۇۋەينى ئۆزىنىڭ «تارىخى جاھان گۇشەي» («جاھاننى ئۇتقۇچىنىڭ تارىخى») ناملىق ئەسەرىدە: «چاغاتاي خان بەزىدە ئالمىلىقتا تۇرسا، يەنىلا قايىس شەھىرىدىمۇ تۇراتتى. ئالمىلىق ۋە قايىس شەھەرلىرىنىڭ ئەتراپىدا ياغاچ ۋە تامدىن ناھايىتى كەڭ قورۇق سالدۇرۇپ، بۇ يەرگە ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلارنى سولاپ، كوپ ۋاقىت ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. لېكىن دولەتنى كۈچلۈك باشقۇراتتى»،- دەپ يازغان. باشقا كوپلىگەن تارىخىي مەنبەلەرمۇ چاغاتاي خاننىڭ قانۇن ئىشلىرىدىن تولۇق بىلىملىك، دولەتنىڭ ئىجتىمائىي- سىياسىي ئىشلىرىدا، ھەربىي تۈزۈم مەسىلىلىرىدە ناھايىتى قاتتىق قول ئىرباپ ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئوز قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارغا قاتتىق تەلەپ قويىدىغان، دولەتنىڭ ۋە تاجۇ- تەخت سەلتەنىتىنىڭ ئابرويىنى ھىمايە قىلىدىغان قاتتال ھوكۇمدار ئىدى. شۇنىڭدىن بولسا كېرەك، ئەتمالىم، چىڭگىزخان ئوزى ھايات چېغىدىلا دولەتنىڭ قانۇن- نىزام ئىشلىرىنى ئاساسەن ئۇنىڭغا تاپشۇرغان ئىدى.

1242- يىلى چاغاتاي خان ۋاپات بولىدۇ. مەنبەلەرگە قارىغاندا، 1309- يىلى چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ ھوكۇمرانلىق تەختىگە چىققان ئېسەن بۇغا تۇنجى قېتىم ئوزىنى «چاغاتاي خان» دەپ ئېلان قىلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ چاغاتاي ئۇلۇسى- چاغاتاي خانلىقى دەپ ئاتىلىشقا باشلايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا چىڭگىز خاننىڭ مەركەزلەشكەن قۇدرەتلىك دولەت تۈزۈمى ئىنقىرازغا يۈز تۇتقان ئىدى. 1318- ئېسەن بۇغا خان- 1- ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئىنىسى كېپەن خان تەختكە چىقىپ، 1326- يىلى ئۇمۇ ئالەمدىن ئوتىدۇ. شۇ يىلى ئۇلارنىڭ ئىنىسى تارماشىرى تەختكە چىقىدۇ. بۇ زات موغۇل خانلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇچىنچى قېتىم ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان خان ئىدى. ئەينى چاغدا ئۇ ئالمىلىق شەھىرىنى خانلىقنىڭ پايتەختى دەپ تونۇسىمۇ، لېكىن كوپ ھاللاردا قەرشى شەھىرى بىلەن سەمەرقەند شەھىرىنى ئاستانە قىلىپ، دولەت ئاپپاراتلىرىنى شۇ يەردە تۇرۇپ باشقۇراتتى. شۇ چاغدا ئالمىلىق ۋە ماۋەرائۇننەھىر (جەنۇبى تەرەپ) رايونلىرى ئۇنىڭ نەزىرىدىن بىر ئاز يىراقلاشقان ۋاقىتتا، بۇ ئولكىلەردىكى دوغلات قەبىلىسىنىڭ ھوكۇمرانلار تەبەقەسى بۇ رايوننىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن چاغاتاي ئەۋلادىدىن بىر كىشىنى خان كوتىرىشكە ھەرىكەتلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تارماشىرى خاننىڭ ئەڭ كىچىك ئىنىسى ئېمىل غوجىنى ئاقسۇغا تەكلىپ قىلىپ، خان كوتىرىدۇ. ئۇ تەختتە ئولتارغاچ، ئوزىگە ئېسەن بۇغا دەپ لەقەم قويىدۇ. مۇسا سايرامىنىڭ كورسىتىشىچە، ئېمىل غوجا 1346- يىلى ئاقسۇدا ۋاپات بولىدۇ ۋە كونا شەھەر يار بېشىغا دەپنە قىلىنىدۇ. بۇ يەر «ئالتۇنلۇق» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەينى زاماندا دوغلات قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئەمىر بولاجى ماۋەرائۇننەھىر سويەردىكى چاغاتاي ۋە دوغلات ئەمىرلىرىنى كېڭەشكە چاقىرىپ، ئېمىل غوجا ئەۋلادىنى خان قىلىپ كوتىرىشنى تەكلىپ قىلىدۇ.

ئەينى زاماندا دوغلات قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئەمىر بولاجى ماۋەرائۇننەھىر سويەردىكى چاغاتاي ۋە دوغلات ئەمىرلىرىنى كېڭەشكە چاقىرىپ، ئېمىل غوجا ئەۋلادىنى خان قىلىپ كوتىرىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. 1348- يىلى ئۇنىڭ ئوغلى تۇغلۇق تومۇر ئاقسۇدا تەختكە چىقىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ چاغاتاي خانلىقى موغۇلىستان خانلىقى بولۇپ ئوزگەرتىلىدۇ.

تۇغلۇق تومۇرخان ھەققىدە كوپلىگەن رىۋايەتلەر مەۋجۇت. ئۇلاردا تەكىتلىنىشىچە، تۇغلۇق تومۇرخاننى ئىزدەشتۇرۇپ ۋۇرۇپ، ئالمىلىق شەھىرىدىن تاپقان ۋە 18 يېشىدا ئاقسۇدا خان كوتەرگەن. 1352- يىلى موغۇلىستان خانلىقىنىڭ پايتەختى ئاقسۇدىن چاغاتاي ئەۋلادىنىڭ ئەنئەنىۋى ئاستانىسى ئالمىلىق شەھىرىگە كوچۇرىلىدۇ.

«تارىخىي رەشىدىي» مۇئەللىپىنىڭ كورسىتىشىچە، مىلادىيە 1353- يىلى تۇغلۇق تومۇرخان 24 يېشىدا ئەرشىدىن ۋالى (ئەۋلىيا)- بۇ كىشىنىڭ قەبرى كۇچار مازار باغدا- نىڭ دالالىتى بىلەن ئالمىلىقتىن ئاقسۇغا ئوتۇپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ موغۇل خانلىرىنىڭ ئىچىدە ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ئاخىرقى خان ئىدى. ئۇمۇمەن، ئۇنىڭ خانلىقى دەۋرىدە 160 مىڭدىن زىيادە موڭغۇل ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغۇزۇلغان.

شۇنىمۇ قەيت قىلىپ ئوتۇش لازىمكى، موڭغۇللارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى، ئۇلارنىڭ تۈركلىشىشىنى، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلىشىش جەريانىنى تېزلەتتى.

تۇغلۇق تومۇرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئارىسىدا تەخت تالىشىش كۈرىشى ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ. خانزادىلار ئوتتۇرىسىدا ئۈزلۈكسىز داۋام قىلغان چوڭ- كىچىك ئۇرۇشلارنىڭ ئەڭ كەسكىنلەشكەن جايى ئالمىلىق شەھىرى ئىدى. شۇنىڭ ئاقىۋىتىدە ئالمىلىق پەيدىن- پەي خارابىلىققا ئايلىنىدۇ. شۇنداقلا موغۇلىستان ئەمىرلىرى كوپرەك ئىستىقامەت قىلغان يۇلتۇز، موڭغۇل كۈرە ۋە باشقا جايلارمۇ زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ.

ئالمىلىق شەھىرى ھەققىدە بۈيۈك شەرقشۇناس ئالىم س. يې. رادلوۋمۇ: «موڭغۇل ھوكۇمرانلىرىدىن ھۇلاكۇخان ئىلى ۋادىسىدا ئالمىلىق نامىدا بىر ئۇيغۇر شەھىرىنى تىلغا ئالىدۇ»،- دەپ يازىدۇ.

خوجا ئەخمەت يۇنۇسنىڭ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1989- يىل 11- ئاپرېل سانىغا بېسىلغان «ئالمىلىق شەھىرى خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىقلار» دېگەن ماقالىسىدا: «ئالمىلىق شەھىرىنىڭ ئىزى بولسا، قورغاس ناھىيەسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 15 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان. شەھەرنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇغى 25 كىلومېتىر بولۇپ، شىمالىي كېڭەن تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، جەنۇبىي كېڭەن تېغىغا، شەرقىي تۇغلۇق تومۇرخان مازارىغا، غەربىي قارا ئويىگە تۇتاشقان. بۇ قەدىمىي شەھەر ئالمىلىقتىن تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار: 1- مەڭگۈ تاش (ئابىدە) ئۇنىڭ كولىمى 126 كۋادرات سانتىمېتىر، ئېغىرلىغى 8 كىلوگرام بولۇپ، ئوتتۇرىسىغا كرېست (+) بەلگىسى ئويۇلغان. كرېست بەلگىسىنىڭ ئەتراپىغا سۈرىيە يېزىقى بىلەن ئولگەن ئادەمنىڭ ئىسمى ۋە يىلى يېزىلغان. ھازىرغىچە مۇنداق مەڭگۈ تاشتىن ئىككىسى تېپىلدى. مەڭگۈ تاشلاردا قەدىمىي تۈركلەردىكى 12 موچەل بىلەن، ئالېكساندىر ماكېدونىسكىي ئېراسى تەڭ قوللىنىلغان. ئارخېئولوگلار بۇ تاشلارغا نېستورىيان ياكى خرىستىيان دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ مەڭگۈ تاشلىرى دەپ قاراشماقتا»،- دەپ قەيت قىلىدۇ.

ماقالە مۇئەللىپى شۇنداقلا، قۇرال- ياراغ، قاچا- قومۇچ ۋە تومۇر ھەم مىستىن سوقۇلغان پالتا، خەنجەر- پىچاققا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭمۇ تېپىلغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىدۇ.

ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنجى ئەپەندى ئالمىلىقنى تەكشۈرۈپ، ئەرەپچە خەت يېزىلغان تورت تەڭگە (كۈمۈش پۇل) تاپقان. 1975- يىلى ۋە 1977- يىللىرى ئۇ يەردىن يەنە 12- ئەسىرگە ئائىت يارماق پۇل تېپىلغان. ئۇلارغا ئەينى زامانلاردىكى خانلارنىڭ رەسمىي چۈشۈرۈلگەن ۋە «ئالمىلىق» دېگەن خەت پۈتۈلگەن ئالتە تەڭگىمۇ بار. بۇ پۇللار قەشقەر خان ئوردىسىدىن تېپىلغان تەڭگىلەرگە ئوخشايدىكەن. ئالىملار بۇ پۇللارنى ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرىشتىن ئالدىن ئىشلەتكەن دەپ قاراشماقتا.

ئەشۇنداق ماددىي بۇيۇملارغا ئاساسلانغان ھالدا ئالمىلىق شەھىرى مىلادى 5- ئەسىرلەردە بىنا قىلىنغان، دېگەن خۇلاسىغا كېلىش مۇمكىن.

يېقىندا قورغاس ناھىيەسىنىڭ سۇيدۇڭ بازىرى، لەڭگەر يېزىسىدىكى دېھقانلار يەر تۈزلەش ۋاقتىدا ساپال كومزەككە سېلىنغان قەدىمىي زامان تەڭگىسىنى تېپىۋالغان. تەڭگىلەردە ئەرەپچە خەت ۋە ھەر خىل شەكىللىك بۇرجەكلەر، گۈل- نەقىشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. تەڭگىلەرنىڭ دىامېتىرى تەخمىنەن 2×1 سانتىمېتىردىن 3×2 سانتىمېتىرغىچە كېلىدۇ. ھەر بىر تەڭگىنىڭ ئېغىرلىغى ئىككى گرام. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا «لائىلاھە ئىللاللاھ مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ» دېگەن كەلىمەئى شاھادەت پۈتۈلگەن. ئارخېئولوگلار بۇ تەڭگىلەرنى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئالمىلىقتا ئىشلەنگەن دەپ قارىماقتا.

شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، بۇ يەردە خىتاي ئارخېئولوگلىرى تارىخنى قەستەن بۇرمىلاشقا ئوتكەن. ئەگەر يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئالمىلىقتا پۇل زەرب قىلىش ئورنى قۇرۇلغان بولسا، نېمە ئۈچۈن ئاللا بىلەن ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ ئىسمى- شەرىپى يېزىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەزەردە تۇتقىنى يۈەن سۇلالىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى ئۇزۇۋېي باغلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ ساختا ئارخېئولوگلارنىڭ خىتاي مۇستەملىكىچىلىكىنى بەرقارارلاشتۇرۇش ئىنتىلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇنداق «تەدپىردىن» ئېھتىيات قىلىش لازىم.

بىزنىڭ پىكرىمىزچە، بۇ تەڭگىلەر قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىشلەنگەن. مەلۇمكى قاراخانىيلار ئىسلامنى دولەت دىنى دەرىجىسىگە كوتەرگەن ئىدى. شۈبھىسىزكى ئۇ دولەتنىڭ ھەر قانداق قىممىتى چوڭ پۇللىرىغا ئاللا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ مۇبارەك نامى پۈتۈلەتتى.

ئالمىلىقتىن تېپىلغان ئاسارە- ئەتىقىلەر، مەدەنىي يادىكارلىقلار ئۇ يەردە ياشىغان خەلقلەردە، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردا سودا- سېتىق، مېتال قۇيۇش، قول- ھۈنەرۋەنچىلىك رىۋاجلانغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ.

قادىر كېرەم،

تارىخچى.